# «مەن ۋەتەن ئۈچۈن چېگرانى ساقلايمەن»

## —— شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 9 ـ شى 161 ـ تۇەننىڭ پېنسىيەگە چىققان خىزمەتچىسى، چېگرا قوغدىغۇچى ۋېي دېيوۋ توغرىسىدا

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**
**يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر**

□ مۇخبىرىمىز سۇڭ ياۋېن

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، مۇخبىر ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، ساربۇلاق يايلىقىنىڭ ئىچكىرىسىگە كەلدى. چىغىر يولنىڭ ئاخىرىسىدا، بىر ئېغىز كېسەك ئۆي كۆرۈندى، بۇ دەل «چېگرا ساقلىغۇچى بوۋاي» ۋېي دېيوۋنىڭ ئۆيى ئىدى.

بىر رادىيو، بىر دۇربۇن، بىر قامچا، بىر چەينەك، بۇلار شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 9 ـ شى 161 ـ تۇەننىڭ پېنسىيەگە چىققان خىزمەتچىسى، چېگرا قوغدىغۇچى ۋېي دېيوۋنىڭ ھەر كۈنى پادا باققاچ چېگرا چارلايدىغان «جابدۇقلىرى» ئىدى. 55 يىلدىن بۇيان، ۋېي دېيوۋ باشتىن ـ ئاخىر ئەسلى مەقسىتىنى ساقلاپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «ۋەتەن ئۈچۈن چېگرانى ساقلايمەن» دېگەن ۋەدىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

### ■ بىر ئىزناك پارتىيەگە بەرگەن ۋەدىنىڭ گۇۋاھچىسى

79 ياشلىق ۋېي دېيوۋ بوۋاينىڭ چىرايىغا يىللار ئىزناسى سىڭلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇچىسىدىكى مىسەيفۇ ئۇنى روھلۇق كۆرسىتەتتى. مەيدىسىدىكى «چېگرا قوغدىغۇچى» دېگەن ئىزناك قۇياش نۇرىنىڭ چاقنىشىدا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى.

«مېنى ئەڭ سۆيۈندۈرىدىغىنى شۇكى، مەن ۋەتەن ئۈچۈن چېگرانى ساقلاۋاتقان بۇ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئىزچىل ھېچقانداق ئىش چىقمىدى.» ۋېي دېيوۋ بۇ گەپلەرنى قىلغاندا چېھرىدە ئىپتىخارلىق تەبەسسۇمى جىلۋىلەندى.

1964 ـ يىلى، ۋېي دېيوۋ بېيجىڭدا قېلىپ خىزمەت قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، سەپداشلىرى بىلەن بىللە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 9 ـ شى 161 ـ تۇەن ئەسكەرلەر 2 ـ لىيەنىگە كېلىپ، ساربۇلاق يايلىقىنى ساقلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ۋېي دېيوۋ بىر قولىغا ئورغاق ئېلىپ، بىر قولىغا جوتۇ ئېلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش تۇرمۇشىنى باشلاپ، بۇ يەردىن ئىككىنچى ئايرىلىپ باقمىدى.

ھەر كۈنى سەھەردە ۋېي دېيوۋ سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان پادا يولىدا مېڭىپ، چېگرا لىنىيەسىگە بېرىپ چېگرا چارلىدى. ساربۇلاق يايلىقىنىڭ جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگراسىدا، ۋېي دېيوۋ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر تەرىپىدىن «كۆچمە قاراۋۇل» دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ «ئالماشماس چېگرا قاراۋۇلخانىسى» دەپ ئاتالدى.

«بۇ ئىزناك مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم، مەن چېگرانى مىدىرلىيالماس بولۇپ قالغان كۈنگىچە ساقلايمەن، دۆلەت دەرۋازىسىنى ياخشى ساقلاش مېنىڭ پارتىيە تەشكىلىگە بەرگەن ۋەدەم» دېدى ۋېي دېيوۋ مۇخبىرغا.

### ■ رادىيودىن پارتىيەنىڭ ساداسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش

ۋېي دېيوۋنىڭ ئۆيىدىكى ئۈستەلگە بىر قارا رەڭلىك رادىيو قويۇلغان بولۇپ، سىرلىرى خېلىلا چۈشۈپ كەتكەنىدى، ھەر قېتىم قوي باققاچ چېگرانى چارلاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋېي دېيوۋ ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن سۈرتۈپ قوياتتى.

ئۇنىڭ ئىككىنچى قىزى ۋېي پىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «بۇ رادىيونىڭ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەنلىكىگە قارىماڭ، ئۇ دېگەن دادامنىڭ گۆھىرى، ئۇخلىغاندىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنى ئاڭلايدۇ، نەگە بارسا شۇ يەرگە ئېلىپ بارىدۇ».

رادىيونى ۋېي دېيوۋ بىرنەچچە يىل ئىلگىرى سېتىۋالغان بولۇپ، مەيلى پادا باققاچ چېگرا چارلىغاندا بولسۇن ياكى كۆكتات تېرىپ، يەر سۇغارغاندا بولسۇن يېنىدىن ئايرىمىدى، تاماكا چەكمەيدىغان، ھاراق ئىچمەيدىغان بۇ بوۋاي ئۈچۈن ئېيتقاندا، رادىيودىن خەۋەر ئاڭلاش ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەۋەسى ئىدى.

55 يىلدىن بۇيان، ۋېي دېيوۋ ۋە خوتۇنى لىيۇ جىڭخاۋ ئىككىيلەن دۇنيادىن ئايرىلىپ دېگۈدەك تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلدى، ئۇلار شەھەرگە ناھايىتى ئاز كىرەتتى، يەيدىغىنى كىچىك قىزى نەچچە ئون كىلومېتىر پادا يولىنى بېسىپ ئەكېلىپ بەرگەن گۈرۈچ، ئۇن، ئىچىدىغىنى ئىشىك ئالدىدىكى قۇدۇقتىن تارتقان ھەم تۇزلۇق، ھەم قىرتاق شورلۇق سۇ ئىدى، قىشتا قار يېغىپ يوللار توسۇلۇپ قالغاندا، ئالتە ـ يەتتە ئايغىچە ئۆيدىن چىقالمايتتى. نەۋرىلىرىنى سېغىنىپ كەتسە ئۇلارنى ئەكەلدۈرۈپ بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزاتتى. ئاغرىپ قېلىپ، كېسەلخانىدا يېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ۋېي دېيوۋ كۆڭلىدە ئىزچىل چېگرانى ئويلاپ، كېسەللىك ئەھۋالىدا سەل ياخشىلىنىش بولسىلا دوختۇرخانىدىن چىقىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى. «مۇشۇ يەرنى ساقلىساملا كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ» دېدى ۋېي دېيوۋ.

55 يىلدىن بۇيان، ۋېي دېيوۋ يايلاقتىن ناھايىتى ئاز ئايرىلدى، ئەمما 35 يىللىق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە بۇ بوۋاي پارتىيە بەدەل پۇلىدىن بىر پۇڭنىمۇ كەم قويماي تولۇق تاپشۇردى، دائىم نەچچە ئون كىلومېتىر پىيادە مېڭىپ، 161 ـ تۇەننىڭ تەشكىلات بۆلۈمىگە بېرىپ پارتىيە ئەزالىق بەدەل پۇلىنى تاپشۇردى، چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆگەندى، رادىيودىن پارتىيەنىڭ ساداسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى ھەربىرىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەيلى قايسى ۋاقىت، قايسى جايدا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىدە پارتىيە ئەزاسى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىمەن» دېدى ۋېي دېيوۋ.

ساربۇلاق يايلىقىدا دائىم بوران چىقىپ قۇم ـ توپىنى ئۇچۇرۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم يامغۇر سۈيى يەرلەرنى يالاپ كېتىدۇ، رادىيومۇ ناھايىتى ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدۇ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرانى ساقلىغاندىن بۇيان، ۋېي دېيوۋ 50تىن ئارتۇق رادىيونى كاردىن چىقاردى.

بۇ 50تىن ئارتۇق رادىيو ۋېي دېيوۋنىڭ 55 يىل چېگرانى ساقلىغانلىقىنىڭ گۇۋاھچىسى.

### ■ بىر قامچا بىلەن چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىشتىكى ئەسلى مەقسەتكە ۋارىسلىق قىلىش

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سائەت 6:00 دە، ۋېي دېيوۋ «جابدۇقلىرى»نى رەتلەپ، قامچىسىنى ئوينىتىپ، 200 نەچچە قوينى ھەيدەپ، يايلاقتا كېتىۋاتاتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ دۇربۇندا يىراقلارنى كۆزىتەتتى. «پادا بېقىشنىڭ ئۆزى چارلاش»، بۇ جۈملە سۆز دەل ۋېي دېيوۋنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسى ئىدى.

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئىلگىرىكى سەپداشلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يۇرتىغا قايتتى، يايلاقتىكى چارۋىچىلارمۇ تەدرىجىي شارائىتى تېخىمۇ ياخشى مۇقىم ئولتۇراق نۇقتىلىرىغا كۆچۈپ كەتتى، ئەمما ۋېي دېيوۋ بۇ يەردە قېلىشنى تاللىدى.

پەرزەنتلىرىنىڭ نەزەرىدە ۋېي دېيوۋ «جاھىل» بوۋاي ئىدى، ئۆزى توغرا تاپقان ئىشلا بولىدىكەن، ئۇنى ھېچكىم گەپكە كىرگۈزەلمەيتتى.

بىڭتۇەندىن پېنسىيەگە چىققاندا، ۋېي دېيوۋ ۋە خوتۇنى ھەر ئايدا 5000 يۈەنگە يېقىن پېنسىيە مائاشى ئالىدىغان بولۇپ، بۇ پۇل ياشانغان ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشكە يېتەتتى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى شەھەرگە قايتىپ كۈتۈنۈشكە نەسىھەت قىلدى، ئەمما ۋېي دېيوۋ قوشۇلمىدى، «ئەينى ۋاقىتتا مەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىشنى تاللىغانىكەنمەن، ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇشۇم كېرەك، كەتسەم بولمايدۇ» دېدى ۋېي دېيوۋ.

ياشانغان بوۋاي ـ موماينىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، پەرزەنتلىرى چاغانتوقاي ناھىيەسىدىن بىر يۈرۈش ئۆي سېتىۋېلىپ، بېزەپ بولغاندىن كېيىن بوۋاي ـ مومايىنى تۇرۇشقا دەۋەت قىلغاندا، يەنە بىر قېتىم ۋېي دېيوۋنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى، ھازىرغا قەدەر ئۇلار بۇ ئۆيدە بىر كۈنمۇ تۇرۇپ باقمىدى.

«بۇ مەن ۋە سەپداشلىرىم ئىلگىرى جەڭ قىلغان جاي، مەن ئىزچىل ساقلىشىم كېرەك» دېدى ۋېي دېيوۋ. ۋېي دېيوۋنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان خوتۇنى پەقەت باش لىڭشىتىپ قوشۇلدى.

ياش يىگىتتىن قېرىپ بوۋاي بولغۇچە، ۋېي دېيوۋ يەنىلا قولىغا قامچا ئېلىپ، قوي پادىسىغا تۇۋلاپ يۈرۈپ چېگرانى ساقلىدى. يېشىنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، سالامەتلىكىمۇ بارغانسېرى ناچارلاپ كەتتى، پەرزەنتلىرى بۇنىڭدىن ناھايىتى ئەنسىرىدى. 2017 ـ يىلى، ئىككىنچى قىزى ۋېي پىڭ ئېرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، شەندۇڭدىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، يايلاققا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بىللە، دادىسىنىڭ قامچىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، دادىسى بىلەن بىرلىكتە داۋاملىق پادا باققاچ، چېگرانى چارلاشنى قارار قىلدى.

«دادام بۇ ئۆمرىدە بىرلا ئىشنى قىلغان، ئۇ بولسىمۇ ۋەتەن ئۈچۈن چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش، مەن دادامنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى قەلبىمگە پۈكۈپ داۋاملىق ماڭىمەن.» پادا قامچىسىنىڭ يەتكۈزۈلۈشى روھقا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئىككى يىلدىن ئارتۇق چېگرانى قوغداش تۇرمۇشى داۋامىدا ۋېي پىڭ گەرچە نۇرغۇن ئېغىر قىيىنچىلىق، خەتەرلىك ئەھۋاللارغا يولۇققان بولسىمۇ، ئەمما ئىزەلدىن چېكىنىش ۋە ۋاز كېچىشنى ئويلاپ باقمىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ۋېي پىڭ دادىسىنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە، «دادامنىڭ پادا قامچىسىنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن دادامنىڭ جاپاسىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم، چېگرا قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدىم، دادام بىلەن بىرلىكتە ۋەتىنىمىزنىڭ چېگراسىنى چىڭ ساقلىيالىغانلىقىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن، دادام ماڭغان ھەربىر يولدا مېڭىپ باقتىم، شۇنداقلا بۇ يولدا داۋاملىق ماڭىمەن» دېدى ۋېي پىڭ قەتئىيلىك بىلەن.

ۋېي دېيوۋ دەرەخنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: دەرەخ بۇ يەردىكى ئۈمىد، مەن خۇددى يوغان دەرەختەك ئوخشاش ساربۇلاق يايلىقىدا يىلتىز تارتىمەن.

# شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغان چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرگە بېرىدىغان ئەڭ ئالىي شەرەپ مۇكاپاتى قىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر «تەيانشان مۇكاپاتى»نىڭ تەسىس قىلىنىشى ئومۇميۈزلۈك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تېخىمۇ كۆپ چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى قوللىشىغا ئىلھام بېرىشتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى، تەسىر كۈچى چەت ئەللەرگە تارقىلىپ، چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر توپىدا ياخشى ئىنكاس پەيدا قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بۇ يىل 3 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر «تەيانشان مۇكاپاتى»نى باھالاش خىزمىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، مىرئەزىز ئەخمەدوف قاتارلىق چەت ئەللىك ئالتە مۇتەخەسسىسنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2019 ـ يىللىق «تەيانشان مۇكاپاتى»غا ئېرىشكۈچى قىلىپ باھالاپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇۋاپىق ۋاقىتتا تاللاپ مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە مېدال تارقىتىپ بېرىدۇ.

# شاۋكەت ئىمىن «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇشۇ پەيتتە پۈتۈن پارتىيەدە «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، دەل ۋاقتىدا بولدى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش، چوڭقۇر ئۆگىنىش، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى تولۇق، توغرا ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك.

شاۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نەزەرىيە ئۆگىنىش، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىش، ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىش، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇشنى، بىلىش، ئىشىنىش، ئىشلىتىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى قوللىنىپ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، پارتىيەگە سادىق بولۇپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى ۋە سىياسىي قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەۋىلىك جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىگە ئېلىش كېرەك.

شاۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، خەلقنىڭ مەيدانىدا مەزمۇت تۇرۇپ، كۈچلۈك بولغان خەلقنى سۆيۈش، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش ھېسسىياتى بىلەن، ئاڭلىق ھالدا خەلقنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ مەسىلەرنى ئويلاش، تەدبىر تۈزۈش، ئىش بېجىرىش، خىزمەت قىلىش، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ھەممىدە ئاممىنى كۆزلەش، ھەممىدە ئاممىغا تايىنىش، ئامما ئارىسىدىن كېلىپ، ئامما ئارىسىغا بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ توغرا تەشەببۇسىنى ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، نەتىجە يارىتىپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش تەلپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردە شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئورنى، پىرىنسىپى، ۋەزىپىسى، ئۇسۇلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نىزام چىقىرىش، نازارەت قىلىش، ۋەكىللەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك؛ پاك ـ ئىنتىزامچان بولۇپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ، باشتىن ـ ئاخىر قانۇندىن ئىبارەت ئەينەكنى قەلبكە ئېگىز ئېسىپ، ئاڭلىق ھالدا قانۇنغا ھۆرمەت قىلىش، قانۇن ئۆگىنىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇننى ئىشلىتىشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، تۆۋەن چەكنى ساقلاپ، قىزىل سىزىققا دەسسىمەي، يۇقىرى بېسىملىق سىمغا تەگمەي، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇشنىڭ قانۇنچىللىق پاسىلىنى پۇختا تۇرغۇزۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لى شۆجۈن، پارتگۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر مۇتەللىپ قاسىم، بادەي قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى 2 ـ سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى پارتىيە دەرسىگە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىدارىسى(مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى) بىلەن سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى، تۇرپان شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى، شىخەنزە شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى(مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى)، قاراماي شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى ««تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش، ئادىمىيەت ئالاقىسى يېقىن» ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، شىخەنزە، قاراماي مەدەنىيەت ـ ساياھەت يۇغۇرما، ماس تەرەققىياتى ئورتاق تونۇشى»نى ھاسىل قىلدى(تۆۋەندە «ئورتاق تونۇش» دېيىلىدۇ) ھەم «100 كۈنلۈك تىيانشان ساياھىتى. بىر كىنىشكا بىلەن بەش جايغا نەپ يەتكۈزۈش» ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى يولغا قويدى.

«ئورتاق تونۇش»قا ئاساسەن، ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، شىخەنزە، قارامايدىن ئىبارەت بەش جاي ھەمكارلىق مېخانىزمىنى ئورتاق قۇرىدۇ، بازارنى ئورتاق ئاچىدۇ، ئاممىۋى مۇلازىمەتتىن ئورتاق بەھرىلىنىدۇ، بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ، بىرلىكتە تەشۋىق قىلىپ تونۇشتۇرىدۇ، ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. ساياھەتچىلەرنىڭ ئۆزئارا ساياھەت قىلىشىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭدىكى مۇھىم پۈتۈن رايون ساياھىتى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى كۈچەپ بەرپا قىلىدۇ.

«100 كۈنلۈك تىيانشان ساياھىتى. بىر كىنىشكا بىلەن بەش جايغا نەپ يەتكۈزۈش» بەش جاينىڭ «ئورتاق تونۇش»ىدىكى مۇھىم ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى، 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە، بەش جاي ئاھالىسى ئاھالىلەر كىملىكى بىلەن تۈنجى تۈركۈمدە ئېلان قىلىنغان 100 ساياھەت مەنزىرە رايونى ۋە مەدەنىيەت سورۇنىدا 50% ئېتىبار بېرىش ھەم ھەقسىز بولۇش قاتارلىق ئېتىبارلاردىن بەھرىمەن بولالايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، 42 مەنزىرە رايونىدا يېرىم باھا يولغا قويۇلىدۇ، 60تىن ئارتۇق ساياھەت رايونى ھەقسىز ئېچىۋېتىلىدۇ. مەنزىرە رايونىنىڭ تىزىملىكى قەغەز تارقىتىش، تېلېۋىزىيە، يان تېلېفون قاتارلىقلاردا ئېلان قىلىنىدۇ.

6 ـ ئايدىن باشلاپ، يەنە «پارتىيە بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرۇش» «1 ـ ئىيۇل»نى تەبرىكلەش قىزىل نادىر باش تېمىلىق جىڭجۇ تىياتىرى كېچىلىكى، «يىپەك يولى شىنجاڭ مەنزىرىسى تىيانشاننى ئايلىنىش ساياھىتى چىپاۋ كۆرگەزمىسى» «كېچىدىكى كىرۋاران» قۇمتاغ قۇملۇقى ئەمەلىي مەنزىرە سەھنە تىياتىر ئويۇنى، «ئاھ، مېنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىي ئاتا ـ ئانام» پاسىل ھالقىغان مەنزىرە كونسېرتى، سەككىز ئات بازىرى پىۋا مۇزىكا بايرىمى قاتارلىق جەمئىي 40 تۈرلۈك مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيىتىگە ساياھەتچىلەر ئورتاق ھوزۇرلىنىش ۋە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ، پائالىيەت 12 ـ ئايغىچە داۋاملىشىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ۋە ساياھەت ئىدارىسى(مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى جۇ شىنرۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ياز پەسلىدىكى ساياھەت جانلانغان مەزگىلدە مۇھىم ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى يولغا قويۇلىدىغان بولۇپ، بۇنداق سالماق ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان ئىكەن.

«تۇنجى تۈركۈمدە ئېلان قىلىنغان 100 ساياھەت مەنزىرە رايونىغا بەش جاينىڭ ساياھەت بايلىقىنىڭ جەۋھىرى جۇغلاندى، 42 مەنزىرە رايونىنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەت 5A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى، 4A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بولۇپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت سورۇنلىرىدا ئاھالىلەرگە 50% ئېتىبار بېرىش ھەم ھەقسىز بولۇش ئېتىباردىن بەھرىمەن بولالايدۇ. بىر مەزگىل يولغا قويغاندىن كېيىن، بىز يەنە يېرىم باھالىق ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، مول ساياھەت مەھسۇلاتلىرى تەمىناتى ئارقىلىق، ساياھەت يىغىلىش ـ تارقىلىش مەركىزى ۋە مۇھىم ساياھەت مەنزىلگاھلىرىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، ‹شىنجاڭ ياخشى جاي›نى كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرىمىز» دېدى جۇ شىنرۇڭ.

باشلىنىش مۇراسىمىدا، بەش جاينىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت تارماقلىرى ئېسىل ساياھەت تۈرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، بەش سەرخىل ساياھەت لىنىيەسىنى ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، «بىر يان تېلېفوندا تىيانشاننى ساياھەت قىلىش» ئاقىل ساياھەت تورىنى نامايان قىلدى.

شۇ كۈنى، خىزمەت ئورنىنى سۆيۈپ كەسپىنى قەدىرلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىلغار شەخسلەردىن تەشكىللەنگەن «100 كۈنلۈك تىيانشان ساياھىتى. بىر كىنىشكا بىلەن بەش جايغا نەپ يەتكۈزۈش» جۇڭگودىكى ياخشى كىشىلەرنىڭ تۇنجى يولغا چىقىش ئۆمىكى ئۆز قەرەلىدە سەپەرگە ئاتلاندى.